ئادەم بەدنى كارتلرى


قالقانسىمان بەز
مېڭە
ئۆپكە
جىگەر
بۆرەك
ئاشقازان
ئۆت
دوۋساق
ئۈچەي

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

مېڭە



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

يۈرەك



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

جىگەر



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

ئۆپكە



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

بۆرەك



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

ئاشقازان



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

يۈرەك

يۈرىكىمىز تەخمىنەن مۇشتۇمچىلىك چوڭلۇقتا كېلىدۇ، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ئىنتايىن كۈچلۈك. يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ توختىماستىن قىسقىرىشى ۋە كېڭىيىشى نەتىجىسىدە يۈرىكىمىز بەدىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىگە قان يوللاپ بېرىدۇ. يۈرىكىمىز ئوڭ دالانچە، سول دالانچە، ئوڭ قېرىنچە ۋە سول قېرىنچە دەپ ئاتىلىدىغان تۆت بوشلۇقتىن تەركىب تاپقان، ھەر بىر بوشلۇقنى بىر بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان يەنە تۆت دانە كلاپان بار.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

مېڭە

بەدەندە يۈز بېرىدىغان بارلىق ئىشلارنى مېڭە باشقۇرىدۇ. مېڭە، بەدەندىكى باشقا ئەزالارغا نېرۋا يولى ئارقىلىق نىمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئۇچۇرلارنى يوللايدۇ. مېڭە داۋاملىق، ھېچ توختاپ قالماستىن ئىشلەيدۇ. قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن ۋاقتىمىزدىمۇ يۈرىكىمىزنىڭ سوقۇشىنى، نەپەس ئېلىشىمىزنى تەمىن ئېتىدۇ. مېڭىمىز يەنە تەپەككۈر قىلىشىمىزنى، ئۆگىنىش قىلىشىمىزنى، قارار چىقىرىشىمىزنى ۋە ئەسكە ئېلىشىمىزنى كونترول قىلىدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

ئۆپكە

ھاۋا، نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ئۆپكىمىزگە تولىدۇ. ئاندىن ئۆپكە پۈۋەكچىلىرى ئارقىلىق بۇ ھاۋادىكى ئوكسىگېن قېنىمىزغا يوللاپ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئورگانلاردىن قان بىلەن قايتىپ كەلگەن كېرەكسىز گازلارنى يەنى كاربون تۆت ئوكسىدنى يەنە ئۆپكە پۈۋەكچىلىرى ياردىمىدە نەپەس چىقىرىش شەكلىدە سىرتقا چىقىرىدۇ. ئىنسان بىر كۈندە تەخمىنەن 23 مىڭ قېتىم نەپەس ئالىدۇ. بەدىنىمىزدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ تىرىك تۇرۇشى ئۈچۈن ھەمىشە ئوكسىگېنگە ئېھتىياجى بار.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

جىگەر

جىگەر، ئادەم بەدىنىدىكى ماددا ئالماشتۇرۇشنىڭ مەركىزىي ئورنى بولۇپ، ئىستېمال قىلىنغان ئوزۇقلۇق ۋە دورىلارنىڭ ھەممىسى بەدەنگە ئۆزلىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن جىگەردىن ئۆتۈشى كېرەك. جىگەر بەدىنىمىزدىكى قانلارنىڭ ئۇيۇشۇشىنى تەمىن ئېتىدۇ، ئېنزىملارنى ۋە باشقا ئاقسىللارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ۋىتامىن، تۆمۈر، ياغ ۋە شېكەر قاتارلىقلارنى زاپاس ساقلايدۇ. جىگەر يەنە بەدىنىمىزدىكى زىيانلىق ماددىلارنى تازىلايدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

ئاشقازان

ئاشقازان قورساقنىڭ ئۈستى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، خالتىغا ئوخشايدىغان بىر ئەزادۇر. ئاشقازان دىۋارىدا مىليونلىغان ئاشقازان شىللىق پەردىسى دېيىلىدىغان بەزلەر بار. بۇ بەزلەردىن ھەزىم قىلىشقا ياردەمچى بولىدىغان سۇيۇقلۇق ئاجرىلىپ چىقىدۇ. ئاشقازان ھەر 20 سېكۇنتتا بىر قېتىم لۆمۈلدەش ئارقىلىق يېمەكلىكلەرنى فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك جەھەتتىن پارچىلاپ، يېرىم سۇيۇقلۇق ھالەتتىكى بىر ئارلاشما ماددىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

بۆرەك

بۆرەك بەدىنىمىزدىكى ھۈجەيرىلەر ئىشلەپ چىقارغان زىيانلىق خىمىيىۋى ماددىلارنى ئايرىپ، قېنىمىزنى تازىلايدۇ ۋە ۋۇجۇدىمىزدىكى سۇ مىقدارىنى كونترول قىلىدۇ. ئېھتىياجىمىزدىن ئارتۇق سۇلارنى ۋە خىمىيىۋى ماددىلارنى سۈيدۈك دېيىلىدىغان سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇرۇپ، سىرتقا چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن دوۋساققا يوللاپ بېرىدۇ. بۆرەكلەر ھەر تۆت مىنۇتتا بىر قېتىم بەدىنىمىزدىكى پۈتۈن قاننى تازىلاپ چىقىدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

كۆز



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

ئۈچەي


ئىنچىكە ئۈچەي
قىلىن ئۈچەي

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

قۇلاق



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

تېرە



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

مۇسكۇل



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

بۇرۇن



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

ئۈچەي

ئاشقازاندا پارچىلىنىپ، ئۇماچتەك ھالەتكە كەلگەن ئوزۇقلۇقلار ئىنچىكە ئۈچەيدىن ئۆتۈش جەريانىدا پايدىلىق قىسملىرى سۈمۈرۈلۈپ قانغا قېتىلىپ كېتىدۇ. قېلىن ئۈچەيىمىز بولسا ئىنچىكە ئۈچەيىمىزدە ھەزىم بولالمىغان ئوزۇقلۇقلارنى يىغىپ، ئۇلاردىكى سۇلارنى سۈمۈرىۋالغاندىن كېيىن، قېلىپ قالغان قىسمى چوڭ تەرەت ھالىتىدە مەقئەتتىن سىرتقا چىقىرىۋېتىلىدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

كۆز

ئەتراپىمىزدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەردىن قايتقان نۇرلار كۆز قارچۇقىمىزغا كىرىپ، كۆز لىنزىسىدىن ئۆتۈپ، لىنزىنىڭ ئارقىسىدا تەتۈر تەسۋىر شەكىللىنىدۇ. بۇ كۆرۈنۈش، يورۇقلۇققا سەزگۈر نېرۋا ھۈجەيرىلىرى تەرىپىدىن پەرق ئېتىلىپ، مېڭىمىزگە خەۋەر يوللىنىدۇ. مېڭىمىزمۇ بۇ تەسۋىرنى تۈزىتىپ، ئوڭ كۆرۈشىمىزنى تەمىن ئېتىدۇ. قاراڭغۇلۇقتا كۆز قارچۇقىمىز جىقىراق يورۇقلۇق ئالالاش ئۈچۈن چوڭايسا، يورۇق مۇھىتتا ئارتۇقچە نۇرلارنىڭ كىرمەسلىكى ئۈچۈن كىچىكلەيدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

تېرە

تېرىمىز پۈتۈن بەدىنىمىزنى قاپلىغان بولۇپ، ئۇنى سىرتقى تەسىرلەردىن ساقلايدۇ. مەينەتچىلىك ۋە مىكروپلارنىڭ بەدەنگە كىرىشىنى توسىدۇ، بەدەننى قاتتىق سوغۇقتىن ۋە قاتتىق ئىسسىقتىن قوغدايدۇ. تېرىمىز ئىككى قەۋەتتىن تەركىب تاپقان. ئۈستى قەۋىتىدە ئۆلۈك ھۈجەيرىلەر بولىدۇ. ئۆلۈك ھۈجەيرىلەر داۋاملىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاستى قەۋەتتىن يېڭى ھۈجەيرىلەر چىقىپ تۇرىدۇ. ئاستى قەۋەتتە قان-تومۇلار، نېرۋا ئۇچلىرى، تەر بەزلىرى ۋە تۈك يىلتىزى بولىدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

قۇلاق

ئاۋازلار ھاۋادىكى كىچىك زەررىچىلەرنى تەۋرىتىدۇ. بۇ تەۋرىنىشلەر كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان دولقۇن شەكلىدە ئەتراپقا تارقىلىدىغان بولۇپ، بىزگە يېتىپ كەلگەندە قۇلىقىمىز بۇ تەۋرىنىشلەرنى يىغىپ، خۇددى بىر ۋارۇنكىغا ئوخشاش قۇلىقىمىزنىڭ ئىچىگە يوللاپ بېرىدۇ. بۇ تەۋرىنىشلەر ئىنتايىن ئىنچىكە بولغان قۇلاق پەردىمىزگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنى تىترىتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قۇلىقىمىزنىڭ ئەڭ ئىچىدىكى نېرۋا ھۈجەيرىلىرى بۇ تەۋرىنىشلەرنى پەرق ئېتىدۇ ۋە مېڭىمىزگە ئاۋاز ئۇچۇرلىرىنى يوللاپ بېرىدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

بۇرۇن

ھاۋادىكى ئىنتايىن كىچىك پۇراق زەررىچىلىرى نەرسىلەردىن چىققاندىن كېيىن ھاۋادا ئۇچۇپ، بۇرنىمىزنىڭ تۆشۈكىدىن كىرىدۇ ۋە بۇرۇن بوشلۇقىمىزنىڭ ئىچىدە، ئارقا تەرەپلەرگە جايلاشقان خۇددى چاچقا ئوخشايدىغان كىچىك نېرۋا ھۈجەيرىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، بۇلار پۇراق دانچىلىرىنى پەرق قىلغاندىن كېيىن، بۇ ھۈجەيرىلەر نېرۋىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن مېڭىمىزگە خەۋەر يوللايدۇ. مۇشۇ بىر قاتار جەريانلاردىن كېيىن بىز پۇراقنى ھېس قىلالايمىز.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

مۇسكۇل

بېلىكىمىزدە، كۆزىمىزدە، يۈرىكىمىزدە، قىسقىسى بەدىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە مۇسكۇل مەۋجۈت بولۇپ، سانى 600 دىن ئارتۇق. بۇلار يۈز مۇسكۇللىرى، ئىسكىلىت مۇسكۇللىرى ۋە يۈرەك مۇسكۇللىرى دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. زور كۆپچىلىك مۇسكۇللار سۆڭەككە چاپلىشىقلىق بولىدۇ. مۇسكۇللىرىمىز بەدەن قىياپىتىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. مۇسكۇللار بەدىنىمىزنىڭ ھەرىكەت قىلىشىنى تەمىن ئېتىدۇ. مۇسكۇللار بولمىغان بولسا ماڭالمىغان، گەپ قىلالمىغان ھەتتا نەپەسمۇ ئالالمىغان بولاتتۇق.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

تىل



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

چاچ



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

دوۋساق



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

سۆڭەك



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

ئۆت



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

قالقانسىمان بەز



ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

چاچ

تېرىمىزنىڭ ئاستىدا تۈك يىلتىزلىرى مەۋجۇت بولۇپ، باش تېرىمىزنىڭ ئاستىدىكى تۈك يىلتىزلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان تۈكلەر چېچىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. چېچىمىز ۋە بەدىنىمىزدىكى باشقا تۈكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆلۈك بولۇپ، پەقەت يىلتىز قىسمىلا تىرىك ھېسابلىنىدۇ. بېشىمىزدا تەخمىنەن 100 مىڭ تال چېچىمىز بار. چېچىمىز ھەر ئايدا تەخمىنەن بىر، ئىككى سانتىمېتىر ئۆسىدۇ. بېشىمىزدىن نورمالدا ھەر كۈنى ئەڭ كۆپ بولغاندا تەخمىنەن 100 تال چاچ تۆكۈلىدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

تىل

تىلىمىزنىڭ ئۈستىدىكى ئىنتايىن كىچىك مۇدۇرلاردا، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، مىڭلىغان تەم قوبۇل قىلىش تومۇرلىرى مەۋجۇت. بىر نەرسىلەرنى يەپ-ئىچكەن ۋاقتىمىزدا ئوزۇقلۇق مولېكۇلىلىرى تۈكۈرۈكىمىز بىلەن بىللە تىلىمىزدىكى ئىنتايىن كىچىك تۆشۈكچىلەردىن ئۆتۈپ، تەم قوبۇل قىلىش ھۈجەيرىلىرىگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ تەم ھۈجەيرىلىرى مېڭىمىزگە ئۇچۇر يوللىغاندىن كېيىن، يېمەكلىكنىڭ تاتلىق، ئاچچىق ياكى تۇزلۇق دېگەندەك تەرىپىنى ھېس قىلالايمىز.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

سۆڭەك

بەدىنىمىزدىكى پۈتكۈل سۆڭەكلەر ئىسكىلىتىمىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىسكىلىتىمىز بولسا بىزنىڭ ئۆرە تۇرۇشىمىزنى، مۇسكۇل ۋە بوغۇملار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشىمىزنى تەمىن ئېتىدۇ. سۆڭەكلەرنىڭ يەنە ئىچكى ئەزالىرىمىزنى قوغداش رولى بار. يېڭى تۇغۇلغاندا بەدىنىمىزدە 300دىن ئارتۇق سۆڭەك بولىدۇ. چوڭايغانسېرى بەزىلىرى بىر-بىرى بىلەن كىرىشىپ، چوڭ ئادەم بولغان ۋاقتىمىزدا جەمئىي 206 پارچە سۆڭىكىمىز بار بولغان بولىدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

دوۋساق

دوۋساق، ئېلاستىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر خالتا بولۇپ، بۆرەكلەر قاندىكى ئارتۇق سۇ ۋە خىمىيىۋى ماددىلارنى ئايرىپ، ئۇلارنى سۈيدۈككە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، سۈيدۈك نەيچىسى دېيىلىدىغان ئىككى تۇرۇبىدىن ئېقىپ كېلىپ، بۇ خالتىغا يىغىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا سۈيدۈك يولى ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىۋېتىلىدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

قالقانسىمان بەز

قالقانسىمان بەز، بەدەندىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى ئاجراتما بەز ھېسابلىنىدۇ. قالقانسىمان بەز ئادەم بەدىنىدىكى ماددا ئالمىشىشنى تەڭشەيدىغان بولۇپ، بەدەننىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. قالقانسىمان بەز ئۆسۈپ يېتىلىشتە كەم بولسا بولمايدىغان تەڭشىگۈچى ھورمونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى

ئۆت

ئۆت، جىگەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقان، كىچىك خالتا شەكىللىك بىر ئەزا بولۇپ، ئۆت خالتىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جىگەر ھەزىم قىلىشقا ياردەمچى بولىدىغان بىر خىل سۇيۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىدىغان بولۇپ، ئۆتىمىز بۇ سۇيۇقلۇقنى ساقلاش، قويۇقلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى كىچىك ئۈچەيگە قەرەللىك يوللاپ بېرىش رولىنى ئۆتەيدۇ.

ئىجاد ئىلىم-پەن مەركىزى